# 103880 ـ قەبرە كولاش ۋە ئىچ يەرلىك ئېلىشنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا

**سۇئال**

قەبرىنى كولاپ مېيىتنى دەپنە قىلىپ ئۈنىڭ ئۈستىگە تويا تاشلاش توغرا بولامدۇ؟، مۇشۇنداق قىلىشقا بولغان جىددىيلىكنى نەزەرگە ئالغاندا مېيىت دەپنە قىلىشنىڭ توغرا يولى قايسى؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاب**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: قەبىر كولاشنىڭ سۈپىتى: قەبرىنىڭ ئوتتۇرىدىن مېيىتقا مۇناسىپ ئورەك كولىنىدۇ، قەبىر مېيىتنىڭ ئۈستىگە يېقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئىككى تەرىپىگە خام كېسەك قۇيۇلىدۇ، مېيىتنىڭ يۈزىنى قىبلىگە قىلىپ ئۈنىڭغا ئوڭ تەرىپىدىن قۇيۇلىدۇ، ئاندىن بۇ قەبرىنىڭ ئۈستى تاش ياكى باشقا نەرسىلەر بىلەن مېيىتقا تەگمەيدىغان ھالەتتە يېپىلىدۇ، ئاندىن ئۈنىڭ ئۈستىگە تويا تاشلىنىدۇ.

ئىچ يەرلىك ئېلىشنىڭ سۈپىتى: قەبرىنىڭ تېمىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قىبلىگە يېقىن بولغان ئورۇندىن يانغا كولايدۇ، ئۇ يەردە مېيىت ئوڭ تەرىپى بىلەن قىبلىگە يۈزلەندۈرۈپ قۇيۇلىدۇ، مېيىتنىڭ كەينى تەرىپىدىن  كولىغان جاينىڭ ئېغىزىنى خام كېسەك بىلەن توسىۋېتىپ ئاندىن تويا تاشلايدۇ. [دوكتۇر ئابدۇللاھ سۇھەيبانىينىڭ" ئىسلام شەرئىتىدىكى قەبىر ئەھكاملىرى"ناملىق ئەسىرى 30-بەتكە قارالسۇن].

ئالىملارنىڭ بىرلىكى بىلەن شەرئەتتە قەبرە كولاش ۋە ئىچ يەرلىك ئېلىش ھەر ئىككىسى دۇرۇس بولسىمۇ ئىچ يەرلىك ئېلىش ئەۋزەل بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىگىمۇ ئىچ يەرلىك ئېلىنغان، سەئىد بىن ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە: «مېنىڭ قەبرەمنى كولىساڭلار ئىچ يەرلىك ئېلىڭلار، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يەرلىكىگە تىكلەنگەندەك مېنىڭ يەرلىكىمگىمۇ كېسەكنى تىكلەپ قويۇڭلار» دېگەن. [مۇسلىم رىۋايىتى 966-ھەدىس].

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ "ئەلمۇغنى" 2-توم 252-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىگە ئىچ يەرلىك ئېلىنغاندەك مېيىتنىڭ قەبرىسىگە ئىچ يەرلىك ئېلىش سۈننەتتۇر".

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ "ئەلمەجمۇ" 5-توم 252-بەتتە مۇنداق دەيدۇ:" ئالىملار مېيىتنى ئىچ يەرلىك ئېلىپ دەپنە

قىلىشنى ۋە قەبرىنى كولاپ دەپنە قىلىشنىمۇ  دۇرۇس دېگەندە بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن زېمىن قاتتىق بولۇپ توپا ئەتراپقا سىرىلىپ كەتمەيدىغان بولسا بۇ ۋاقىتتا ئىچ يەرلىك ئېلىش ئەۋزەل بولىدۇ، زېمىن يۇمشاق بولۇپ توپا ئەتراپقا سىرىلىپ كېتىدىغان بولسا ئۇ ۋاقىتتا قەبرىنى كولاپ دەپنە قىلىش ئەۋزەل بولىدۇ".

ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ "شەرھىل مۇمتى" 5-توم 360-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر زېمىن يۇمشاق بولسا ئۇ ۋاقىتتا قەبرىنى كولاپ دەپنە قىلىش كېرەك بولىدۇ، چۈنكى يۇمشاق زېمىندا ئىچ يەرلىك كولىغىلى بولمايدۇ، ئەگەر ئىچ يەرلىك كولىسا توپا سىرىلىپ قەبىر كۆمۈلۈپ قالىدۇ، شۇڭا ئۇچچۈن ئۆرەكنى كولاپ توپا سىرىلىپ كەتمەسلىكى ئۇچچۈن ئىككى تەرىپىگە كېسەك قويۇپ ئاندىن ئۇ يەرگە مېيىت قۇيىلىدۇ".

شۇنىڭغا ئاساسەن: قەبرە كولانغان بولسۇن ياكى ئىچ يەرلىك ئېلىنغان بولسۇن  مېيىتنىڭ يۈزىگە ياكى بەدىنىگە بىۋاستە توپا تاشلانمايدۇ، چۈنكى ئىچ يەرلىكتە مېيىت قەبرىنىڭ يان تەرىپىدىن كولىغان ئورەكنىڭ ئىچىدە بولىدۇ، ئۈنىڭ ئۈستىگە توپا تاشلانمايدۇ، قەبرىنى بىۋاستە كولىغاندا مېيىت قويالغاندىن كېيىن مېيىتنىڭ ئۈستى تاش ياكى باشقا نەرسە بىلەن يېپىلىپ ئۈنىڭدىن كېيىن ياپقان نەرسىنىڭ ئۈستىگە توپا تاشلايدۇ، بىۋاستىلا مېيىتنىڭ ئۈستىگە توپا تاشلىمايدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.